# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 8 ـ ئاي
17
دۈشەنبە
维吾尔文 8 月17日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25156 ـ سان　بۈگۈن 4 بەت


## پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن 80 مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۇنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگە قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن 80 مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزۈپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرغانلار 66 مىڭ 975 كىشى بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 65.49% بولدى؛ ئىچكىرى رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن 12 مىڭ 269 شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچى ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى، ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 65.87% بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى.

«بۇ مەزگىلدە، كەنت كادىرلىرى ۋە ‹ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش› بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ماڭا كۆپ ياردەم بەردى، ئۇلارنىڭ تەكلىپى بىلەن، مەن ‹ئۆچكە ياردەم بېرىش، بىرنى يۆلەش› پىلانىغا قاتنىشىشقا تىزىملاتتىم.» كۇچا شەھىرىنىڭ ئالاقاغا بازىرى دۆڭلۈك كەنتىدىكى داشۆ ئوقۇغۇچىسى مەدىنۇر نىياز بۇ يىل بېيجىڭ تىل داشۆسىنى پۈتكۈزۈپ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# دەۋرگە يۈز كېلىپ ئېچىلغان ياشلىق باھار گۈزەل سەھىپىسىنى پۈتۈش

## —— يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ياشلار خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ۋاڭ پېڭ خۇاڭ يۈ

ئۇلۇغ يېڭى دەۋر دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئەزىمەتلەرنى چاقىرماقتا.

ياشلىق غايە، ياشلىق ھاياتىي كۈچ، ياشلىق كۈرەش جۇڭگو كۈچى، جۇڭگو روھىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىختىساسلىقلاردىن بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، يېڭى دەۋردىكى ياشلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرى ئۇلۇغۇار غايىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، پارتىيەنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، دەۋر بۇرچىنى زىممىسىگە ئېلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى.

**سەممىي تاپشۇرۇق، چەكسىز غەمخورلۇق**

**—— باش شۇجى شى جىنپىڭ ياشلار خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىلگىرىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، كەڭ ياشلارغا غەمخورلۇق يەتكۈزدى، ئۇلاردىن زور ئۈمىد كۈتتى**

2020 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، بېيجىڭ داشۆنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى لىيۇ جىنپىڭ ۋۇخەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالدىنقى سېپىدە 23 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزدى.

«ۋۇخەندىكى كەچۈرمىشلىرىم ياشلىق باھارىمغا تېخىمۇ مەنە قوشتى.» ۋۇخەندە خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، لىيۇ جىنپىڭ ئىزچىل خۇاجۇڭ پەن ـ تېخنىكا داشۆسى تۇڭجى دوختۇرخانىسىنىڭ جۇڭفا يېڭى شەھەر دوختۇرخانا رايونىدىكى ICU كېسەللىخانىسىدا خىزمەت قىلدى. دورا تەييارلاش، ئوكۇل سېلىش خىزمىتىدىن باشقا، يەنە ئېغىر ئاغرىقلارغا نەپەسلەندۈرۈش ماشىنىسى ئىشلىتىش ۋە كانىيىغا نەيچە كىرگۈزۈش مەزگىلىدىكى پەرۋىش، قان سۈزۈش ئاغرىقلىرىغا بولغان پەرۋىش قاتارلىقلارغا مەسئۇل بولدى.

3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بېيجىڭ داشۆنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىدىكى بارلىق «90 ـ يىللاردا تۇغۇلغان» پارتىيە ئەزالىرىغا يازغان جاۋاب خېتىدە مۇنداق دېدى: «يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىدە، سىلەر ياشلار بىرىنچى سەپتە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان كەڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈپ، پىداكارلىق كۆرسىتىپ، ياشلىق باھارىڭلارنىڭ جۇشقۇن كۈچىنى نامايان قىلىپ، لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇردۇڭلار».

ياشلار پۈتكۈل جەمئىيەت كۈچلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە كۈچ، دۆلەتنىڭ ئۈمىدى ياشلاردا، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ياشلاردا.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ياشلار خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىدى.

ھەر قېتىمقى «4 ـ ماي» ياشلار بايرىمىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، ياشلار بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سەممىي تەلىمى زامانىمىز ياشلىرىنى دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەپ، زامانىمىز ياشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدى.

غايە ئۈستىدە توختىلىش ——

«جۇڭگو ئارزۇسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق غايىسى، شۇنداقلا ياش بىر ئەۋلاد مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا تېگىشلىك ئۇلۇغۇار غايە. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم پارتىيەمىز خەلقنى يېتەكلەپ، مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ تېپىپ چىققان جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى توغرا يول، شۇنداقلا كەڭ ياشلار مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا تېگىشلىك كىشىلىك ھايات ئېتىقادى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىن يىغىنى ئېچىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

## تەستە قولغا كەلگەن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

### چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى

### شۆھرەت زاكىر، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىن يىغىنى ئېچىپ، ھازىرقى يۇقۇم ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلدى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۈەنگو سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نۆۋەتتە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە پائال ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى كېڭىيىۋاتىدۇ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى؛ لېكىن جەزمەن شۇنى ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەككى، يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش يەنىلا كەسكىنلەشكەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىدا تۇرماقتا. ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، چىشنى چىڭ چىشلەپ، ھېرىپ ـ چارچاشتىن قورقماي، ئۇدا جەڭ قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەلىپىنى تۈۋەنلەتمەسلىككە، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرىنى بوشاشتۇرماسلىققا، يۇقۇم ۋەزىيىتىنىڭ قايتا كۆرۈلمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تەستە قولغا كەلگەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى تىرىشىپ مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، يۇقۇم ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى بالدۇرراق قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

بىرىنچىدىن، قەتئىي تەۋرەنمەي ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ ئىلمىي، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كېرەك. مەھەللە دائىرىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ كۈچىنى تولۇقلاپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۇلىنى پۇختىلاپ، سالامەتلىكنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەشنى ياخشى قىلىپ، مۇداپىئە سېپىنى زىچ، پۇختا توقۇپ، ھەقىقىي تۈردە مەنبەدىن ئۈزۈپ، «يۇقۇم يوق ئولتۇراق رايون» قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش؛ مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرىدا سالامەتلىكنى سەييارە تەكشۈرۈش، مۇلازىمەت كاپالىتى، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش، تازىلاش، پىسخىكىلىق يېتەكلەشنى ئىلمىي، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇپ، ھېچقانداق بىر قاراڭغۇ بۇلۇڭ ۋە بوشلۇق قالدۇرماسلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 23 ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

### كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن ئىككى يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 23 ئاغرىق دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## چىشنى چىڭ چىشلەپ ئاخىرغىچە چىڭ تۇرايلى

☐ فەن خۇڭبى

ئۇدا بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، ئۈرۈمچىدە يېڭىدىن كۆپەيگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ ھەممىسى بىر خانىلىق ساندا بولۇپ، بۇنىڭدىن كىشىلەر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى ئۈمىدنى كۆردى. ھالبۇكى، قانچىكى مۇشۇنداق پەيتتە، قىلچىمۇ بوشىشىش پىسخىكىسى بولماسلىقى، چىشنى شۇنچە چىڭ چىشلەپ، ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

بۇ مەيدان «يۇقۇمغا قارشى جەڭ»دە، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت ئامما ئومۇمىيەتنى تونۇپ، چوڭ داۋلىنى چۈشىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاڭلىق بويسۇنۇپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئۆيدە تۇرۇپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

سۆز ھەممىگە

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

## تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتقا كۈچەلدى　يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوزغالدى

**تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتقا نەزەر ①**

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاڭ جىلى، ياڭ شۇخەن، ۋاڭ جېن، ئەن شيۇ، جانبولات مانارېك**

«بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، شىركىتىمىز ئىشلەپچىقارغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تۈرى ۋە سانى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغانلار سانى ۋە خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاشتى. بۇنداق نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە جابدۇق ياساسمچىلىقى ساھەسىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنىڭ پايدىسىدىن بولدى» دېدى 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شايار بوشرەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى چەكلىك شىركىتى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى ۋۇ يۈڭچېڭ.

يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋە ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمىنىڭ قوش تەسىرىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدا شايار بوشرەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى چەكلىك شىركىتىگە ئوخشاش ئوڭۇشسىز ۋەزىيەتتە يۈكسەلگەن بۇنداق كارخانىلار يەنە خېلى كۆپ. ئالدىنقى يېرىم يىلدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 3246 كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىسىنىڭ قوشۇلما قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6% ئاشتى.

6 ـ ئايدىكى ئېشىش سۈرئىتى 12.2% كە يېتىپ، 2014 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن بۇيانقى يەككە ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئېشىش نىسبىتىنى ياراتتى.

بۇ سانلىق مەلۇماتلار شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش جەريانىدا، ئاپتونوم رايونىمىز باشتىن ـ ئاخىر تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېلاستىكلىقى ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)



ئارا تۆرۈك سانائەت باغچە رايونىغا جايلاشقان شىڭشىڭ ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر قېزىش نەق مەيدانىدا پەقەت تۆتلا ئىشچى مەشغۇلات قىلماقتا (7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تارتىلغان). شىنجاڭ جياڭنا كانچىلىق چەكلىك شىركىتى 180 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ كىرگۈزگەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تۇنجى ئايلانما چاقلىق داۋاملاشما تېخنولوگىيەلىك كۆمۈر قېزىش تۈرىدە ئىشچىلار كاندا مەشغۇلات قىلمايدۇ، بەلكى 5G تورى ئارقىلىق يىراقتىن كونترول قىلىدۇ.

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

## تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بۇ ماھىيەتتىن تۈزەش ئۈنۈملۈك رېتسېپىدىن ياخشى پايدىلىنايلى

☐ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

چېگىش، مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر ئىچىدىن ئاساسىي زىددىيەت ۋە زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپىنى چىڭ تۇتقاندىلا، «بىرنى تۇتۇش ئارقىلىق ھەممىگە تەسىر كۆرسىتىش» ئۈنۈمىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش دەل پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەت ئىچى ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىشتىكى ماھىيەتتىن تۈزەش ئۈنۈملۈك رېتسېپى.

ھازىر، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئېغىر زەربىسى ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىشىنىڭ تەسىرىدە، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى مىسلىسىز قىيىنچىلىق ۋە خىرىسقا دۇچ كەلدى، قانچىكى مۇشۇنداق ۋاقىتتا، بىسمىنى شۇنچە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىش تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىنى ياخشىلاشنى ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى قىلىپ، ئىشنى ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسىدىن باشلاپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىنىڭ ئېھتىياج ئۆزگىرىشىگە بولغان ماسلىشىشچانلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشتۇر.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)